

# ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۈنەر-تېخنىكا

## Ancient Uyghur Handcraft


قۇربان ۋەلى

By Kurban Wali



ۋاشنگتوندا تەييارلاندى

## مۇندەرىجە:

1 - سۆز بېشى.................................................................... 3 - بەت

2 ـ قوۇم باسقان مەدەنىيەت ...................................... 4 ـ بەت

3ـ ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قوللانغان ھۈنەر ـ تېخنىكا.............. 9 ـ بەت

3 - يىل-دەۋىر سىلىشتۇرمىسى..................................................... 38 - بەت

4 - «مەدەنىيەت خىتايدىن تارقالغان» دېگەن سىياسەت ........ 46 - بەت

5 - ئۇيغۇر كەشپىياتلىرى................................................... 48 ـ بەت

6 -ئۇيغۇرچە ھۈنەرۋەن رىسالىلىرى ....................................... 52 - بەت

7 - ئاخىرقى سۆز .............................................................55 - بەت

8 – ئاپتورنىڭ تەرجىمەھالى ............................................. 56 - بەت



# ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا

(ئۇيغۇر كەشپىياتلىرى بارلىق تۈركىي خەلقلەر ۋە ھون ئەۋلادلىرىغا ئورتاق)

## سۆز بېشى

ھۆنەر-تېخنىكا قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر قىسمى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى ۋە تۇرمۇش ئەنئەنىسى بىلەن مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، ھۆنەر-تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان تارىخى بۇ نوقتىنى ئىسپاتلايدۇ.



مەن بۇ كىتابچىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇر ھۆنەر-تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگلار بايقىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئاساسىدا توپلاپ، رەتلەپ، ئارخېئولوگلار بېكىتكەن يىل-دەۋرى بويىچە تىزىپ چىقتىم ۋە ھەر-بىر ئۇچۇرنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن بايقالغان ئوخشاش ھۆنەر-تېخنىكا ئۇچۇرلىرى بىلەن سېلىشتۇردۇم. بۇنداق سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مەتبەئە، قەغەز، گىلەم، كۆن ، كارىز، ئەگەر ۋە توپنى كەشپ قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرى دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىسپاتلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

# قۇم باسقان مەدەنىيەت

تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا 30 دىن ئارتۇق شەھەر دۆلىتى بولغان، مىلادى 1 – 2 -ئەسىرلەردە بۇ شەھەر دۆلەتلىرى كۆپىيىپ 50 تىن ئاشقان. شۇ ئەسىرلەردە ھۈنەر-تېخنىكا روناق تېپىپ ئىقتىسادى راۋاجلانغان، نوپۇس كۆپەيگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ رايوننىڭ ئىقلىمىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ (قۇم ياغىدۇ) ۋە بۇنداق تەبىئى ھادىسە ئۇزۇن يىل داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بىنا قىلغان شەھەر-يۇرتلار، ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتلەر قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىشقا باشلايدۇ. ھەر قايسى شەھەر دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قۇم بېسىۋاتقان يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپ، تاغ تەرەپكە كۆچ-كۆچ باشلاپ، تەڭرىتاغلىرى ياكى قاراقۇرۇم تېزمىلىرى ئېتەكلىرىدە يېڭى ماكان تۇتىدۇ. ئەسىرلەر-ئىرالار ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قەدىمقى يۇرتلىرى ئاللىقاچان ئىزدىسە تاپقىلى بولمايدىغان تىلسىمات ماكانغا ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايىلىرى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد مىراس بولۇپ قالىدۇ.



تارىم ئويمانلىقىدا يېڭى ماكان تۇتۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مىلادى 1860 – يىللارغا كەلگەندە، سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى مانجۇ خانلىقى (ختايلار چىك سۇلالىسى دەپ ئاتاۋاتقان دۆلەت)نىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار يېڭى يۇرتلىرىدا ياراتقان

مەدەنىيەتلەر يەنە بىر قېتىم ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە خانىۋەيران بولدى.

مانجۇ خانلىقى ئىلى ۋادىسىغا تىجاۋۇز قىلىۋاتقان زاماندا، مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا ياللانغان خىتاي ئەدىپلىرى بىر تەرەپتىن مانجۇ خانلىرىنى «تارىختا ھېچقايسى سۇلالە قىلالمىغان ئىشنى قىلىپ مۆجىزە ياراتتى» دەپ ماختاپ-مەدھىيىلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىمۇ خىتايلارغا ئوخشاش «سېرىق پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى» دەپ ھېكايە توقۇپ، مانجۇ خانلىرىنى ئۇيغۇرلارنىمۇ خىتاي خەلقىنى قۇل قىلغان قۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.




تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار، خۇددى تارىختا تارىم ۋادىسىدا يۈز بەرگەن قۇم-بوران ئاپىتىدە خانىۋەيران بولغاندەك يەنە بىر قېتىم مانجۇ تىجاۋۇزىغا ئۇچراپ خانىۋەيران بولىۋاتقان شۇ زاماندا، چەتئەللەردىن ئارخېئولوگ، تىلشۇناس، جۇغراپىيەشۇناس،تارىخشۇناس ئالىملار قانۇنلۇق ھالدا تارىم ۋادىسىغا كېلىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا باشلايدۇ.

مىلادى 1862 – يىلى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستايىن تارىم ۋادىسىدىكى قۇم باسقان قەدىمقى يۇرت خارابىلىرىدىن قېزىپ چىقىرىپ، پۇلنى مانجۇ دۆلىتىنىڭ خىتاي

ئەمەلدارلىرىغا تۆلەپ ياۋروپاغا ئېلىپ كەتكەن مومىيالار (قۇرۇق جەسەتلەر)، يوڭ توقۇلما، يىپەك توقۇلما، پاختا توقۇلما، ساپال ھەيكەل قاتارلىق قەدىمى قولھۆنەر مەھسۇلاتلىرى، ھەيكەل، تام رەسىملىرى قاتارلىق قەدىمقى سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ھەرخىل قەدىمقى قولىيازمىلارنىڭ قەدىمقى رۇم، يۇنان مەدەنىيتى يادىكارلىقلىرىغا ئىنتايىن ئوخشاپ تۇرغانلىقى ياۋروپالىقلارنى ھەيران قالدۇردۇ.

بۇ چاغدا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنى تەتقىق قىلغان مەشھۇر تارىخشۇناس مورگان «تارىم ۋادىسىدا كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەتنىڭ سىرى ئېچىلسا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ» دېگەن ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئارانىڭ تارىم ۋادىسىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈردى.

نەتىجىدە، مىلادى 1860 - يىللاردىن 1930 - يىللارغىچە بولغان يەتمىش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئاۋرېل ستايىن، سۋېن ھېدىن قاتارلىق ئارخېئولوگ، تىلشۇناس، ئەسارە-ئەتىقىشۇناس، جوغراپىيەشۇناس ئالىملارنىڭ تارىم ۋادىسىدا كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق، مورگان ئېيتقان «قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەتنىڭ سىرى» ئېچىلىپ، تەكلىماكاندا ئەسىرلەردىن بۇيان قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمقى مەدەنىيەتلەرنىڭ مەزمۇنى دۇنياغا ئاشكارا بولىدۇ. ئەسىرلەردىن بۇيان تەكلىماكاندا قۇم ئاستىدا

**قالغان بۇ قەدىمقى مەدەنىيەتلەر دەل بىر پۈتۈن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكى كىتابلاردىن مەلۇم:**

☆ ئاۋرېل ستايىن ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ، تىلشۇناس، بۇداپىشتتا تۇغۇلغان. ئۇ 1862- يىلىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدا تۆت قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ < شەرقىي تۈركىستاندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش>، < خوتەندە قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمقى شەھەرلەر>، < غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى >، <ئاسىيانىڭ مەركىزى>، < ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى يوللار>، < قارا خىتاي خارابىلىرى> قاتارلىق ئىلمىي دوكلاتلارنى ئېلان قىلغان. جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى 1931- يىلى ئۇنىڭ تارىم ۋادىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى چەكلىگەن. ئوقۇرمەنلەر كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ نەشر قىلدۇرغان كىتابلاردىن ئەڭ تونۇلغانلىرى

1997 <Aurel Stein: Archaeological Explorer> ،

2004 <Aurel Stein on the Silk road> قاتارلىقلاردۇر.



☆ ئوتانى ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى ، راھىب ، جوڭخۇا مىنگونىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى سۇنجوڭسەننىڭ مەسلىھەتچىسى. ئۇ 1903- يىلىدىن1947 - يىلىغا قەدەر تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە ئەسارە-ئەتىقە توپلىغان. 1927 -يىلى <يېڭى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى < 大谷光瑞：新西域记 دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان.

☆سۋېن ھېدىن شۋېدسىيىلىك جۇغراپىيىشۇناس . ئۇ 1865- يىلىدىن 1926- يىلىغىچە ھىمالايا تاغلىرى، ھىندى -يالۇزانبۇ دەرياسى ۋادىلىرى ۋە لوپنۇر-تارىم ئويمانلىقلىرىدا ئالتە قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تەكشۈرگەن جايلارنى خەرىتىگە ئالغان. 1944 - يىلى <ئاسىيانى قېدىرىش تارىخي---1927- يىلىدىن 1935- يىلىغىچە> دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان.

☆ پائۇل پېللىيوت فرانسىيىلىك تىلشۇناس، خىتايشۇناس. ئۇ 1878- يىلىدىن 1945- يىلىغىچە دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا قەدىمقى قولىيازما توپلىغان ۋە <دۇنخۇاڭ

مىڭئۆي خاتىرىلىرى> قاتارلىق ئىلمىي دوكلاتلارنى ئېلان قىلغان. ئوقۇرمەنلەر كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەپ خىتايچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان كىتابلاردىن <耿升译：伯希和西域探险记> دېگەن كىتاب مەشھۇردۇر.

☆ ئالبېرت لېكوك گېرمانىيىلىك تەتقىقاتچى. ئۇ 1860- يىلىدىن 1930- يىلىغىچە تارىم، تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا قەدىمقى مىڭئۆيلەرنى تەكشۈرۈپ <چىنىي تۈركىستاندا كۆمۈلۈپ قالغان بايلىقلار> قاتارلىق بىر قاتار ئىلمىي دوكلاتلارنى نەشر قىلدۇرغان.

☆ رۇسپېتىر كۇزىمىچ كوزىلوۋ رۇسىيىلىك ئارخېئولوگ، تىلشۇناس. ئۇ 1884 - يىلىدىن 1926- يىلىغىچە موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا ۋە قاراسۇ ۋادىسىدا (گەنسۇنىڭ جاڭيې رايونىدا) قەدىمقى ھون مەدەنىيىتىنى تەكشۈرگەن. قەدىمقى تاڭغۇت تىلىنى تەتقىق قىلغان. جۇيان كۆلى سايىلىرىدىكى قەدىمقى ھون قەبرىلىرىنى قېزىپ ئۈچ مىڭ پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىي يادىكارلىق تاپقان.




☆ خۋاڭۋېنبى جوڭخۇا مىنگو ئارخېئولوگى. ئۇ 1927- يىلىدىن 1930- يىلىغىچە گېرمانىيە بىلەن جوڭخۇا مىنگو بىرلىكتە تەشكىللىگەن غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تەتقىقاتچى ئەزاسى بولغان. ئۇ گېرمانىيە تەتقىقاتچىلىرىغا ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا تارىم ۋادىسىغا 4 قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرگەن. <تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى> ، <لوبنوردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى>، <تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى> قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ يەنە 1966- يىلىغا قەدەر قۇمۇل، غۇلجا، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ، مارالبېشى، خوتەنلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

**1949-يىلىدىن كېيىن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخېئولوگلىرى تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار بايقىغان ئارخېئولوگىيە ئۇچۇرلىرىنىڭ**

كۆپۈنچىسى تۆۋەندىكى كىتابلارغا توپلانغان:

★<شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى ئوتتۇز يىل 新疆考古30年> 1983– يىل ئۈرۈمچى نەشرى

★ <يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى 丝路考古诊品> 1998 - يىل شاڭخەي نەشرى

# ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قوللانغان ھۈنەر – تېخنىكا

بۇ بابتىكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تارىختا قوللانغان ھۈنەر - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى ئۆتكەن ئەسىردە چەتئەل ئالىملىرى تارىم ۋادىسىدىن بايقىغان ۋە 1949ـ يىلىدىن كىيىن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخېئولوگلىرى قېزىپ چىقارغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسىدا رەتلەپ، تۈرگە ئايرىپ، ئارخېئولوگلار بېكىتكەن يىل- دەۋرى بويىچە تىزىپ چىقىلغان ئۇچۇرلاردۇر. بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

## 1 ـ قەدىمقى دېھقانچىلىق تېخنىكىسى

ئارخېئولوگىيە ئارقىلىق بايقالغان دېلىللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇن تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى

قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى:

## بۇغداي

ش ئۇ ئار مۇزېيى (خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى) ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1979-يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى كروران شەھەر دۆلىتى خارابىلىرىدىن يۇمىلاق بۇغداي دانلىرىنى تاپقان. يىل - دەۋرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئېنىقلاپ، بۇنىڭدىن 3800 - 6400 يىللار بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.




☆<خەلق گېزىتى> 1981-يىل 2 - ئاينىڭ 17- كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلغان كروراندىن تېپىلغان قەدىمقى جەسەت توغرىسىدىكى خەۋەر

ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ئىنستىتوتى 1992- يىلى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى پىچاندىن تېرىق دانلىرىنى تاپقان. ئۇنىڭ يىل- دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن 5- ئەسىر دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 -يىل شاڭخەي نەشرى

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1973- يىلى تۇرپاندىن بۇغداي ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇپ ئوتتا قاقلاپ ياكى چوغقا كۆمۈپ پىشۇرغان نان، توقاچ قاتارلىق يېمەكلەرنى تاپقان. يىل دەۋرىنى مىلادى 6-9- ئەسىرلەر دەپ بېكىتكەن.

**☆<يېپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 - يىل شاڭخەي نەشرى**

# كېۋەز

**ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959-يىلى قەدىمقى نىيە شەھەر دۆلىتى خارابىلىرىدىن پاختا يىپتا توقۇپ ھەمزەك بىلەن گۈل باسقان سەگەز پارچىلىرىنى تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادى 25 -220 -يىللار دەپ بېكىتكەن.**

**☆<يېپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998- يىل شاڭخەي نەشرى**




* «كېۋەز» دېگەن زىرائەت نامىنى مەھمۇد قەشقەرى مىلادى 11- ئەسىردە يازغان <تۈركىي تىللار دىۋانى>دىمۇ هازىرقىغا ئوخشاش قوللانغان.

* «كېۋەز» ھەققىدە قەدىمقى خىتايچە تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ بايانلار بار. مەسىلەن: < لياڭنامە. غەربىي رۇك تەزكىرىسى> دە ئىدىقۇت ئېلىدە پىلە غوزىسىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار، ئۇنىڭدىن يىپەك غوزىسىدىغا ئوخشاش ئىنچىكە تالا چىقىدۇ، ئۇنى 白垣 (ئاھاگى بەختەس) دەپ ئاتايدۇ دەپ بايان قىلىنغان. <كونا تاڭنامە>دە تۇرپاندىن «白垣» (ئاھاڭ بەختەس) چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاق رەخت توقۇيدۇ، بازارلاردا ساتىدۇ دېگەن بايانلار بار.

* مەرھۇم تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇيغۇر ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان ماقالىسىدا (چىمبۇلاق تورىدا ئېلان قىلىنغان) بايان قىلىشىچە، قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «كېۋەز» دەپ ئاتالغان زىرائەتنىڭ نامى پارس تىلىدا « كەرباس»، ھىند تىلىدا « كەرپاس» دەپ ئاتىلىدۇ.

كېيىنكى ئاجرىتىۋېلىپ رەخت توقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان خام ئەشيا ئۇيغۇر تىلىدا «كاتان» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۆز ھازىرقى زامان ياۋروپا تىللىرىدىكى كوتتون (پاختا) دېگەن سۆز بىلەن مەنبەئەداش.

**ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959- يىلى قەدىمقى نىيە شەھەر دۆلىتى خارابىلىرىدىن ئۈزۈم شىڭگىللىرىنى تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادى 1- ئەسىر دەپ بېكىتكەن.**




**☆ <شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى --- ئوتتۇز يىل>**

**ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959- يىلى مارالبېشىدىكى تېم خارابىلىرىدىن ئۈزۈم شىڭگىللىرى، ياڭاق شاكاللىرى ۋە ئۆرۈك، شاپتۇل ئۇرۇقچىلىرىنى تاپقان. يىل دەۋرىنى مىلادى 7 -9- ئەسىرلەر دەپ بېكىتكەن.**

**☆<بىزنىڭ تارىخى يىپزىقلىرىمىز>**

✻تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمقى قولىيازمىلار ئىچىدە، تىلشۇناسلار مىلادىدىن بۇرۇن 3- ئەسىردىن مىلادى 5 - ئەسىرگىچە قوللىنىلغان دەپ بېكىتكەن كاروشتىچە يازمىلاردا «ماسۇ» دېگەن بىرخىل مېۋە نامى بار. بۇ سۆز ئۈزۈم ، مەي، مەيزاپ دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزنى مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي تىللار دىۋانىدا «مەسچ » دەپ ئاتىغان ۋە تارىمدا ئۆستۈرىلىدىغان قارام ئۈزۈم دەپ تەبىر بەرگەن.

# كارىز

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مىلادىدىن بۇرۇنلا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئېقىنسىز قىس جايلاردا، تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدىن قۇدۇق قېزىپ، ئۇنىڭدىن چىققان يەر ئاستى سۈيىنى يېپىق ئېرىق ئارقىلىق ئاققۇزۇپ مەھەللىلەرگە باشلاپ كېلىپ، يەر يۈزىدىكى دانلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى سۇغۇرۇپ ئۆستۈرىدىغان، مېۋىلىك باغلارنى ياشارتىدىغان بىر خىل ئالاھىدە سۇ قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ خىل ئالاھىدە سۇ قۇرۇلۇشى «كارىز» دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە خەن سۇلالىسى سەيياھلىرى مىلادىدىن بۇرۇن 3 - ئەسىردە يېزىپ قالدۇرغان تارىخي خاتىرىلەر بار.



يېقىنقى يىللاردىمۇ تۇرپاندا 1160تىن ئارتۇق كارىز بار. ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى يەر يۈزىدىكى سەددىچىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ كېلىدىغان ئىككى مىڭ بەش يۈز كىلومېتىرلىق يەر ئاستى ئۆستەڭ بولىدۇ. ھازىر خەلقئارادا «كارىز» دېگەن بۇخىل يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشىنى تېرىقچىلىق تارىخىدىكى بىر مۆجىزە دەيدىغان ئورتاق چۈشەنچە مەۋجۇت.

كارىزچىلىق تېخنىكىسى تۇرپاندىلا ئەمەس پىچان، قۇمۇللاردىمۇ قوللىنىلغان. كۇچارنىڭ قىسمەن

جايلىرىدىمۇ كارىز بار.

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى «كارىز» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى قەدىمقى ئىراندىمۇ قوللۇنىلغان، نامىمۇ پارس تىلىدا خۇددى ئۇيغۇرچىغا ئوخشاش «كارىز » دەپ ئاتالغان. ئەمما تۇرپان ئويمانلىقىدىكىدەك ئومۇملاشمىغان ۋە ئىزچىل داۋاملاشمىغان.

## 2ـ قەدىمقى مېتالچىلىق تېخنىكىسى

ئارخېئولوگلار تاپقان دېلىللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇن رودىدىن مېتال ئېرىتىش، قۇيمىچىلىق، سوقۇپ ئەسۋاپ ياساش تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى تۆۋەندىكىچە:

### مىس پىچاق

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخېئولوگلىرى بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاشقورال دەۋرى خارابىلىقلىرى دەپ بېكىتكەن قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئارىغول رايونلىرىدىكى قەدىمقى خارابىلىقلاردىن مىس پىچاق (بەكە)، مىستىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى چىققان.

*بۇ خارابىلىقلاردىن چىققان يەنە قاڭشىرى ئېگىز ئادەم جەسەتلىرى، كۇلا (ئۇچلۇق كىگىز

تۇماق)، ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن جۇۋا، يۇڭ توقۇلما رەختتىن تىكىلگەن يەكتەك، كۆينەك، يۇڭ توقۇلما چىلتەك (بەلباغ)، كاشى (رەڭلىك ساپال) قاچىلار، قۇلۇلە قېپىدىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى، كۆن ياكى قىرىمدىن تىكىلگەن ئۆتۈك، كوساي، ياغاچتىن قىرىپ-ئويۇپ ياسالغان پەتنۇس، تەڭنە، قوشۇق، تېرىق ئۇنىدا پىشۇرۇلغان نان، ئارپا باشاقلىرى، ئاتقا توقۇيدىغان ئىگەر- جابدۇقلار بار.

**☆ختاي ھۆكۈمىتى 1989- يىلى 8- ئايدا بېسىپ چىقىپ 1990- يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان <ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى> 15 -17 بەتلەر**

**ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1981 -يىلى كۇنەس، بارىكۆللەردىن مىستىن سوقۇلغان پالتا، پىچاق، ئوق (باشاق)، مىس داڭقان، مىس قۇيما جەڭچى ھەيكىلى، مىس قۇيما ئەينەك تاپقان. يىل -دەۋرىنى مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.**



**☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998- يىل شائخەي نەشرى**

**ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1981- يىلى نىلقىدىن مىس ئېرىتىدىغان ئوچاق (خۇمدان)، مىس قۇيما ئەينەك، مىستىن سوقۇلغان پالتا، ئوق (باشاق) ، چاقماق (ياغاچتىن سۈركەپ ئوت چىقىرىدىغان ئەسۋاپ) تاپقان. يىل -دەۋرىنى مىلادىدىن ئىككى مىڭ بەش يۈز يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.**

**☆<بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز>**

**ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كۆنەس، پىچان، خوتۇن-سۇمۇل دائىرىسىدىكى قەدىمقى خارابىلىقلاردىن بۆرە ئوبرازلىق مىس قۇيما ئەينەك تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن 800 يىللار دەپ بېكىتكەن.**

**☆<بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز>**

## تۆمۈر قىڭراق




**ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخېئولوگلىرى بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاشقورال دەۋرى خارابىلىقلىرى دەپ بېكىتكەن قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئارىغول رايونلىرىدىكى قەدىمقى خارابىلىقلاردىن تۆمۈر قىڭراق (پىچاق) چىققان.**

✻بۇ خارابىلىقتىن چىققان يەنە ئېگىز قاڭشارلىق ئادەم جەسەتلىرى، ئۇچلۇق كىگىز تۇماق، تېرە جۇۋا، يوڭ توقۇلما رەختتىن تىكىلگەن يەكتەك، كۆينەك، يوڭ توقۇلما چىلتەك بەلۋاغ، رەڭلىك ساپال قاچىلار، قولۇلە قېپى زىننەت بويۇملىرى ، يۇمشاق ئەيلەنگەن كۆن، قىرىمدا تىكىلگەن ئۆتۈك، كوساي، ياغاچتىن قىرىپ-ئويۇپ ياسالغان تەگنە، پەتنۇس، قوشۇق، تېرىق نان، ئارپا باشاقلىرى، ئېگەر – جابدۇقلار بار.

**☆ختاي ھۆكۈمتى 1989- يىلى 8- ئايدا بېسىپ چىقىپ 1990- يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان <ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى> 15 -17 بەتلەر**

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1981 -يىلى بارىكۆلدىن تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر قىڭراق، تۆمۈر قىلىچ تاپقان. يىل -دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن ئىككى-ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.

✻بۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان يەنە مىس پىچاق، مىس داڭقان، مىس قۇيما جەڭچى ھەيكىلى، مىس قۇيما ئەينەك، مىستا سوققان ئوق،پالتا قاتارلىقلار بار.

☆ < بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز >



## ئالتۇن تاج

ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ئىنىستوتى 1990 -يىللاردا تۇرپاندىكى يارغول خارابىلىقىدىن ئالتۇن تاج (خانتاجى) ، ئالتۇن بۇغا، ئالتۇن تۆگە، ئالتۇن زىرە، چەچ كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك تاپقان. يىل دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن 206- يىلدىن 220 - يىللار (خىتاينىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرى) دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 -يىل شائخەي نەشرى

## توپ (مىس زەمبىرەك)

ختاي تارىخ مۇزېيىدا (بېيجىڭدە) ساقلىنىۋاتقان مىلادى 1332- يىلى ياسالغان مىس قۇيما توپ (زەمبىرەك) دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان ھەربىي قورال دەپ

**ھېسابلىنىدۇ. بۇخىل ئۇرۇش قوراللىرىنى ئەينى زامانىدا ئۇيغۇر ئۇستىكارلىرى ياسىغان.**

**☆<خىتاي پەن-تېخنىكا تارىخى>چاڭچۈن 1949-يىل نەشرى**

✻ مەشھۇر خىتاي تارىخچىسى فەنۋېنلەن يازغان <خىتاي تارىخى>دا بايان قىلىنىشىچە، مىلادى 12- ئەسىردە خىتاينىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا «ئۇيغۇر توپ 回回炮» دەپ ئاتالغان بىر خىل ئىلغار ھەربىي قورال ئىجاد قىلىنىپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالغان. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، «ئۇيغۇر توپ» دەپ ئاتالغان بۇخىل يېڭى ھەربىي قورالنى موڭغوللار مىلادى 1279 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھۈنەرۋەن-ئۇستىكار ئۇيغۇرلارنى تايدۇ (بېيجىڭ)غا ئەكىلىپ ياسىتىپ چىققان ئىكەن.

ۋەلى يازمىلىرى
Wali's Ebook

✻ <سوڭ تارىخى. ئەسكىرى قورال تەپسىراتى>دا ۋە <خىتاي پەن-تېخنىكا تارىخى> ( 1949- يىل چاڭچۈن نەشرى)دە بايان قىلىنىشىچە، مىلادى 1182 - يىلى (جۈنشىنىڭ 9 - يىلى) چېگرا رايوندا ئەپچىللىك، يىراقتىكى نىشانلارغا تەگكۈزۈش، بۇزۇش ئىقتىدارى يۇقۇرىلىق جەھەتلەردە بۇرۇنقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى ھەربىي قورال پەيدا بولغان، ئۇنىڭ نامى «ئۇيغۇر توپ » دەپ ئاتالغان.

✻ مىلادى 1040- 1044 - يىللاردا خىتايچە يېزىلغان <ھەربىي قوراللار تەپسىراتى>دا بايان قىلىنىشىچە، چېگرا رايوندا «ئۇيغۇر توپ » دەيدىغان بىر خىل يېڭى ھەربىي قورال پەيدا بولغاندىن كېيىن ، شىمالىي سوڭ دۆلىتى (مىلادى 960- 1127 - يىللاردا) پۈرۈق (مىلتىق دورىسى) ياساش

تېخنىكىسىنى يېگىلىگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىمالىي سۇڭ دۆلىتى ياسالغان پۇرۇق پەقەت ئىس-تۈتەك پەيدا قىلىش ئېقتىدارىغىلا ئىگە ئىكەن.

* مىلادى 13-ئەسىردە، چىنگىزخان بىلەن ئىدىقۇت خانى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلغان قارا خىتايلارنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا ھەجمى كىچىك ، ئاتلىق قوشۇن ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، دۈشمەنگە تېز ھۇجۇم قوزغاپ خاراپ قىلىش ئېقتىدارى يۇقىرى بولغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى «ئۇيغۇر توپ »نى قوللىنىپ ھەر جەڭدە غەلبە قىلغان. بۇ قوشۇن قارا خىتاي قاچاقلىرىنى قوغلاپ يوقۇتۇش جەريانىدا ياۋروپاغىچە بېرىپ ئۇرۇش قىلىپ، ھەر بىر ئۇرۇشتا دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان.




## 3- قەدىمقى چارۋىچىلىق تېخنىكىسى

**ئارخېئولوگلار تاپقان دېلىللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى زامان ئەۋۋەلدە (ئىپتىدائى جەمئىيەتتە) ئەڭ بۇرۇن قوللانغان ھۈنەر-تېخنىكا ئوۋچىلىق بولۇپ، ئۇلار بۇ جەريانىدا ياۋا ئاتلارنى تۇتۇلاپ بېقىپ، كۆندۈرۈپ مىنىشكە باشلىغان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ «دۇلدۇل» دەپ ئاتالغان مىنەك ئاتلىرى مىلادىدىن بۇرۇن 3 – ئەسىردە سەددىچىنىڭ ئىچىدىكى خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا « 騊駼 » دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ياۋا ئاتلارنى كۆندۈرۈپ مىنىش ئۈچۈن ھەرخىل ئات جابدۇق ياساش ھۈنىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى:**

## ئىگەر

**ختاي خەلق جۇمھۇرىيتى ئارخېئولوگلىرى بۇنىڭدىن ئالتە ـ يەتتە مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاشقورال دەۋرى خارابىلىقلىرى دەپ بېكىتكەن قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۆرۈمچىنىڭ ئارىغول رايونلىرىدىكى قەدىمقى قەبرىلەردىن ئېگەر قاتارلىق ئات ـ جابدۇقلىرى چىققان.** (بۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان يەنە قاڭشىرى ئېگىز جەسەتلەر، ئۇششاق تۆمۈر ئەسۋاپ، ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن جۇۋا ، يوڭ توقۇلما رەختتىن تىكىلگەن كۆينەك، يەكتەك، يوڭ توقۇلما چىلتەك، ئۇچلۇق كىگىز كۇلا تۇماق، رەڭلىك ساپال قاچىلار، قۇلۇلە قېپى ياكى مىستىن ياسالغان زىنىنەت بويۇملىرى، يۇمشاق ئەيلەنگەن كۆن- قىرىمدىن تىكىلگەن ئۆتۈك، كوسا، ياغاچتىن ئويۇپ-قىرىپ ياسالغان پەتنۇس، تەگنە، قوشۇق، تېرىق نان، ئارپا باشاقلىرى بار.)




**☆ختاي ھۆكۈمتى 1989ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېسىپ چىقىپ 1990ـ يىلى 5 ـ ئايدا تارقاتقان <ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى> 15 ـ17 بەتلەر**

**ختاي-گېرمانىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 2014 - يىلى 5 - ئايدا پىچاندىن بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز يىل بۇرۇنقى ئىگەر، قامچا، يۈگەن قاتارلىق بىر يۈرۈش ئات - جابدۇقلىرىنى تاپقان.**

**☆ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ 2014 ـ يىل 13 ـ ئىيۇن خەۋىرى**

## ئات قەبرىسى

**ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1984 ـ يىلى سامپۇلدىن**

ئات جەسەتلىرى دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنى بايقىغان. بۇنداق قەبرىلەردە ئات جەسەتلىرى خۇددى ئادەم جەسەتلىرىگە ئوخشاش بېشىغا ئىككى تال قۇش پېيى قاداپ دەپنە قىلىنغان.

☆<بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز>

ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1996 - يىلى چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن ئات دەپنە قىلىنغان قەبرىلارنى بايقىغان.




☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998-يىل شىنخۇا نەشرى

## 4- قەدىمقى ساپالچىلىق تېخنىكىسى

ئارخېئولوگلار تاپقان دېلىللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇن ساپالچىلىق تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان. بايقىلىشىچە، تېپىلغان ساپاللارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى قوم ساپال، ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغىنى كاشى (رەڭلىك ساپال). ئۇنىڭدىن كېيىن شىشە (ئەينەك) بارلىققا كەلگەن. قەدىمقى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ساپالچىلىق ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئاڭ - پىكىر، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى ئىپادىلەشنى (نەقىش قىلىشنى) داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى:

# قۇم ساپال

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخىلوگلىرى بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاشقورال دەۋرى خارابىلىقلىرى دەپ بېكىتكەن قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئاقدالا، ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن دېگەن جايلىرىدىكى قەدىمقى قەبرىستانلىقلاردىن قۇم ساپال كومزەك، ساپال چۆچەك، كۇپ، جام خۇمرا قاتارلىقلارنى تاپقان. (بۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان تاش پىچاق، تاش ئورغاق سىپتە تاش قورالالرمۇ بار.)

☆ختاي ھۆكۈمتى 1989- يىلى 8- ئايدا بېسىپ چىقىپ 1990- يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان <ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى> 15 -17 بەتلەر

ۋەلى ئازمىنلىرى
Wali's Ebook

## كاشى

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1991 - يىلى قىزىل سۇ ئامبىرى (بايىدا) ئەتراپىدىكى قەدىمقى خارابىلاردىن كاشى (رەڭلىك ساپال) خۇمرا تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادىدىن بىر مىڭ يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 -يىل شاڭخەي نەشرى

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1987- يىلى خوتۇنسۇمۇلدىن (بۇددىست موڭغوللار ئۇيغۇر مەھەللىسى دېگەننى خوتۇنسۇمۇل دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇرلارنى قەدىمقى ئۇدۇن يەنى خوتەن تىلى ئارقىلىق بىلگەن) كاشى خۇمرا تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن بەشىنچى ئەسىر دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 -يىل شاڭخەي نەشرى

## شىشە

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1996 – يىلى چەرچەن زاغۇنلۇقتىن شىشە جام تاپقان. يىل -دەۋرىنى - مىلادى 317– 420–يىللار دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 -يىل شاڭخەي نەشرى



## ساپال ھەيكەل

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى1972 – يىلى تۇرپان ئاستانىدىن بېشىغا ئىسكەندەرچە تۇماق، ئۇستىگە يىپەك تون، پۇتىغا ئۇزۇن قونچىلىق كۆن ئۆتۈك كىيگەن، بېلىگە پوتا (بەلۋاغ) باغلىغان ساقاللىق ئەر (يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر بايۋەتچى ئوبرازى) بار كاشى ھەيكەل تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادى 6– 9 – ئەسىرلەر دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 -يىل شاڭخەي نەشرى

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قېزىۋالغان كاشى بۇيۇملار ئىچىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى رېئال تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدىغان ئارغىماق ھەيكەللىرى، ئارغىماققا مىنگەن بەگ، ئاغىچا ھەيكەللىرى، دىنىي ئۆلىما ياكى ئاۋام پۇقرا ھەيكەللىرى، سەھنىلەردە ئويۇن قويۇۋاتقان ئەر-ئايال

**رەققاسلار ھەيكىلى ، ئائىلە ئىچىدە يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىۋاتقان، سوقىدا گۈرۈچ ئاقلاۋاتقان، ئاشتاختىدا خېمىر يېيىپ يېمەك ئىشلەپچىقىرىۋاتقان خانىم ھەيكەللىرى بار.**

*تۇرپان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان كاشى ھەيكەللەر ئىچىدە يەنە بۇددا دىن ئەۋلىيالىرى ھەيكىلى، تاجاۋۇزچىلارنى يىقىتىپ كۆكسىگە دەسسەۋاتقان ئۇيغۇر قەھرىمان ھەيكىلىمۇ بار.

**☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 -يىل شاڭخەي نەشرى**

## 5- قەدىمقى توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى

**ئارخېئولوگىيە ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئالتە -يەتتە مىڭ يىل بۇرۇن توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان. ئەڭ بۇرۇن يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاختا ، يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى قوللانغان . ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى :**

Wali's Ebook

### گىلەم

**ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1979- يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى كرورران شەھەر دۆلىتى خارابىلىرىدىن يۇڭ توقۇلما گىلەم پارچىلىرىنى تاپقان . يىل -دەۋرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئېنىقلاپ بۇنىڭدىن 3800- 6000 يىللار بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.**

**☆<بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز>**

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئالغۇيىدىكى قەدىمقى قەبرىستانلىقتىن يۇڭ توقۇلما گىلەم، پالاس (گىلەمنىڭ بىر خىلى) پارچىلىرىنى تاپقان، يىل - دەۋرىنى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.

☆<بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز>

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1985- يىلى چەرچەن زاغۇنلۇق قەۋرىستانلىقىدىن يۇڭ توقۇلما پالاس پارچىلىرىنى تاپقان، يىل -دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن سەككىزىنچى ئەسىر دەپ بېكىتكەن.



☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 -يىل شائخەي نەشرى

كىگىز

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخېئولوگلىرى بۇنىڭدىن ئالتە -يەتتە مىڭ يىل بۇرۇنقى يېڭى تاشقورال دەۋرىنىڭ خارابىلىقلىرى دەپ بېكىتكەن قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۆرۈمچىنىڭ ئالغۇي رايونلىرىدىكى قەدىمقى خارابىلىقلاردىن كىگىز كۇلا (ئۇچلۇق ئاق كىگىز تۇماق) تاپقان.

☆ختاي ھۆكۈمىتى 1989- يىلى 8- ئايدا بېسىپ چىقىپ 1990- يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان <ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى> 15 -17 بەتلەر

ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ئىنستىتوتى 1986- يىلى قۇمۇلدىن ھەرخىل رەڭدە بويىغان يوڭدا ئەتكەن

كىگىز پارچىلىرىنى تاپقان. يىل دەۋرىنى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.

☆يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 -يىل شاڭخەي نەشرى

ش ئۇ ئارمۇزىيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1985- يىلى چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەۋرىستانلىقىدىن بوۋاقنىڭ جەستى ئورالغان ئاق كىگىز تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن سەككىز يۈز يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.




☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 -يىل شاڭخەي نەشرى

## ئۈرچۈق(چىلەك)

ش ئۇ ئار مۇزىيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1985- يىلى چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەۋرىستانلىقىدىن يوڭدىن يىپ ئىگىرىدىغان ئۈرچۈق (چىلەك) تاپقان. يىل -دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن سەككىزىنچى ئەسىر دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 -يىل شاڭخەي نەشرى

## يوڭ چەكمەن

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخېئولوگلىرى بۇنىڭدىن ئالتە -يەتتە مىڭ يىل بۇرۇنقى يىپكى تاشقورال دەۋرى خارابىلىقلىرى

دەپ بېكىتكەن قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئالغۇي رايونلىرىدىكى قەدىمقى خارابىلىقلاردىن يوڭ توقۇلما چەكمەندىن تىكىلگەن يەكتەك، يوڭ توقۇلما رەڭلىك چىلتەك (بەلۋاغ) تاپقان.

**☆ختاي ھۆكۈمىتى 1989- يىلى 8- ئايدا بېسىپ چىقىپ 1990- يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان <ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى> 15 -17 بەتلەر**

ختاي-گېرمانىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 2014- يىلى5 - ئايدا پىچاندىن يوڭ توقۇلما چەكمەندىن تىكىلگەن تامبال (ئىشتان) تاپقان. يىل -دەۋرىنى بۈنىڭدىن ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.



(بۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان يەنە ئېگەر، قامچا، يوگەن ئېزەنگە قاتارلىق ئات جابدۇقلىرى بار.)

**☆ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2014 - يىل 13 - ئىيۇن خەۋىرى**

**سەگەز**

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959- يىلى نىيە قەدىمقى شەھەر دۆلىتى خارابىلىرىدىن پاختا يىپتا توقۇپ ھەمزەكتە گۈل باسقان سەگەز پارچىلىرىنى تاپقان. يىل - دەۋرىنى مىلادى 25- 220- يىللار دەپ بېكىتكەن.

**☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 -يىل شائخەي نەشرى**

## كەش (چىگە توقۇلما)

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى1960 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن چىگە يىپتىن توقۇلغان ئەرەنچە (ئەرچە) كەش تاپقان. يىل-دەۋرىنىملادى 6ـ 9ـ ئەسىرلەر دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 ـ يىل شاڭخەي نەشرى

## كىمخاپ ئاسما رەسىم



ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1984 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمقى قەۋرىستانلىقىدىن مىللىي قەھرىمان ئوبرازلىق كىمخاپ ئاسما رەسىم ۋە قەدىمقى رىۋايەتلەردىكى ئادەم باشلىق دۇلدۇل ئوبرازلىق كىمخاپ ئاسما رەسىم پارچىلىرىنى تاپقان. يىل-دەۋرىنى ملادىدىن بۇرۇن3ـ ئەسىر دەپ بېكىتىلگەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 ـ يىل شاڭخەي نەشرى

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1973ـ يىلى تۇرپان ئاستانا قەۋرىستانلىقىدىن ئاتلىق مەرگەن ئوبرازى بېسىلغان كىمخاپ ئاسما رەسىم تاپقان. يىل ـدەۋرىنى ملادى 6ـ 9ـ ئەسىرلەر دەپ بېكىتىلگەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 ـ يىل شاڭخەي نەشرى

# كىمخاپ پەرىجە

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1995 ـ يىلى نىيە قەدىمقى خارابىلىرىدىن ئايالچە كىمخاپ پەرىجە (كۆينەكنىڭ بىر خىلى) تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن ئۈچىنچى ئەسىر دەپ بېكىتكەن.

☆يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 ـ يىل شاڭخەي نەشرى



## كىمخاپ ئۆتۈك

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959 ـ يىلى تۇرپان ئاستانا قەۋرىستانلىقدىن كىمخاپتىن تىكىلگەن قىسقا قونجلىق ئايالچە ئۆتۈك تاپقان. يىل دەۋرىنى مىلادى 317ـ420 ـ يىللار دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 ـ يىل شاڭخەي نەشرى

## «خور خان» خەتلىك كىمخاپ

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1964ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن بېشىغا تۇماق، پۇتىغا ئۆتۈك، ئۇستىگە ئۇزۇن چاپان كىيگەن، بېلىنى پوتىدا مەھكەم باغلاپ، قولىدا قامچا تۇتۇپ تۆگە يېتىلەپ كېتىۋاتقان كارۋان ئوبرازى توقۇلغان كىمخاپ پارچىلىرىنى تاپقان. بۇ رەسىم تىزىق مەرۋايىت ئىچىگە

لايىھىلەنگەن. ئۇنىڭدا «خور **خان** 胡王 » مەنىسى ئۇيغۇر خانى دېگەن خەتلەر بار. بۇ خەتلەر تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان، ئۇيغۇرچە ئوقۇلىدىغان يېزىقى ئىدى. بۇنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادى **420ـ589ـ** يىللار دەپ بېكىتىلگەن.

**☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 -يىل شائخەي نەشرى**




ياپونىيىلىك ئەسارە-ئەتىقشۇناس ئوتانى **1902 - 1914 -** يىللاردا تۇرپاندىن تويلىغان، ھازىر خىتاينىڭ دالىيەن شەھىرىدىكى لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە پاختا توقۇلما بۆز بار. بۇ مۇزېيدىكى «**1.344**» نومۇرلۇق ئەر جەسەت (موميا) كە بوغما يەڭلىك بۆز تون كىيگۈزۈپ قويۇلغان، بېلىگە بۆز پۇتا (بەلۋاق) باغلانغان، پۇتىغا پۇچقىقى بوغما بۆز تامبال كىيگۈزۈلگەن. يىل-دەۋرى مىلادى **6 - 7** -.ئەسىر .

**<بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز>**

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى **1972**-يىلى تۇرپان ئاستانا قەبرىستانلىقىدىن تاپقان بىر پارچە بۆزدە « تارتۇق بۆز 调 布 »* دېگەن خىتايچە خەتلەر بار. يىل - دەۋرىنى مىلادى **9**- ئەسىر دەپ بېكىتكەن.

*«تارتۇق» قەدىمقى زاماندا ھامى دۆلەتلەر سوۋغا-سالام يوللاش دېگەن نام بىلەن ھۆكۈمران دۆلەتكە تۆلەيدىغان باج .

☆يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى>1998 -يىل شائخەي نەشرى

## 6- قەدىمقى تېرىچىلىك تېخنىكىسى

ئارخېئولوگلار تاپقان دېلىل- ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئالتەمىڭ يىل بۇرۇن تېرە ئاشلاش، كۆن-قىرىم ئىشلەش ھۈنەر-تېخنىكىسىنى قوللانغان. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى:

ۋەلى يازمىلىرى
Wali's Ebook

**ئاشلانغان تېرە**

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخېئولوگلىرى بۇنىڭدىن ئالتە- يەتتە مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاشقورال دەۋرى خارابىلىقلىرى دەپ بېكىتكەن قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئارىغول رايونلىرىدىكى قەدىمقى خارابىلىقلاردىن ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن جۇۋا قاتارلىق قەدىمقى تېرىچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تاپقان.

☆ختاي ھۆكۈمىتى 1989- يىلى 8- ئايدا بېسىپ چىقىپ 1990- يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان <ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى> 15 -17 بەتلەر

## كۆن-قىرىم

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخېئولوگلىرى بۇنىڭدىن ئالتە-يەتتە مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاشقورال دەۋرى خارابىلىقلىرى دەپ بېكىتكەن قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئالغۇي يونلىرىدىكى قەدىمقى خارابىلىقلاردىن كۆندىن تىكىلگەن ئۆتۈك، قىرىمدىن تىكىلگەن كوساي (ئۇزۇن قونچىلىق چەمى يوق يۇمشاق ئۆتۈك) تاپقان.




☆خىتاي ھۆكۈمىتى 1989- يىلى 8- ئايدا بېسىپ چىقىپ 1990- يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان <ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى> 15 - 17 بەتلەر

ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1979 - يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى كروران شەھەر دۆلىتى خارابىلىرىدىن كۆندىن تىكىلگەن ئۆتۈك، قىرىمدىن تىكىلگەن كوساي تاپقان. يىل - دەۋرىنى بۇنىڭدىن3800- 6400 يىللار بۇرۇن دەپ بېكىتكەن. (بۇنىڭ بىلەن بىللە يۇملاق بۇغداي دانلىرى چىققان.)

☆<بىزنىڭ تارىخىي يىپزىقلىرىمىز>

## 7- قەدىمقى نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسى

ئارخېئولوگلار تاپقان دىلىل - ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا باسما (مەتبەئە) ۋە قەغەزچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەشرىياتچىلىق

تېخنىكىسىنى قوللانغان. ئۇلار تام رەسىملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقات، تۇرمۇش ئەنئەنىلىرىنى نەشىر قىلغان. تامغا مەتبەئە ئارقىلىق تويلاپ باققان ئات قاتارلىق ھايۋانلارغا ئەن سېلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دەپ جاكارلىغان ۋە ئېگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرغان. ھەمزەك (تامغا مەتبەئەنىڭ بىر خىلى) بىلەن رەختلەرگە گۈل بېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن. تاختا مەتبەئە بىلەن كىتاب، رەسىم بېسىپ ئۇيغۇر پەلسەپسىنى، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەۋلادلارنىڭ ئېسىگە سالغان. موھۇر-نىشان قوللۇنۇپ مەڭگۈلۈك توختام - ۋەسىقىلەرنى ئىمزالىغان.

ۋەلى يازمىلىرى

## تام رەسىملىرى

Wali's Ebook

ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستايىن 1906 -يىلى مىرەن قەدىمقى شەھەر خارابىلىقلىرىدىن «قاناتلىق ئادەم» ئوبرازى بار بىر يۈرۈش تام رەسىملەرنى بايقىغاندا، قەدىمقى يۇنان مەدەنىيىتىگە خاس بولغان بۇنداق تېپىك ئوبرازلارنى لوپنور كۆلى ئەتراپىدا كۆرگەن كۆزىگە ئىشەنمەي قالغان. ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتىمۇ بۇنداق تام رەسىملەرنى 1989 - يىلى يەنە بايقىغان. كۆپىنچە ئارخېئولوگلار بۇ خىل تام رەسىملىرىنى مىلادىدىن بۇرۇن سىزىلغان دەپ قارايدۇ.

☆<ستايىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسى> شاڭدا تەرجىمىسى، 1987 – يىل نەشرى

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1984 - يىلى سامپۇلدىن ئادەم باشلىق دۇلدۇل ئوبرازى بېسىلغان كىمخاب ئاسما رەسىم تاپقان. يىل - دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن 3 - ئەسىر دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998- يىل شاڭخەي نەشرى

**ھەمزەك**

ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ئەترىتى **1984** - يىلى سامپۇلدىن ھەمزەك (رەختكە گۈل بېسىش ئۇچۇن ياغاچتىن ئويۇپ تەييارلانغان تامغا) **تاپقان.** يىل-دەۋرىنى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.

ۋەلى يازمىلىرى
Wali's Ebook

☆<بىزنىڭ تارىخي يىزىقلىرىمىز>

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959 - يىلى نىيە قەدىمقى خارابىلىرىدىن ھەمزەكتە گۈل باسقان پاختا توقۇلما سەگەز پارچىلىرىنى تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادى 25- 220 - يىللار دەپ بېكىتكەن.

☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998-يىل شاڭخەي نەشرى

ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1973-يىلى تۇرپان ئاستانا قەبرىستانلىقىدىن ھەمزەكتە گۈل باسقان «ئاتلىق

**مەرگەن» ئوبرازى بار كىمخاپ ئاسما رەسىم تاپقان. يىل-دەۋرىنى مىلادى 9 - ئەسىر دەپ بېكىتكەن.**

**☆<يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى جەۋھەرلىرى> 1998 -يىل شائخەي نەشرى**

## قەغەز

**ئارخېئولوگلار تاپقان دىلىل-ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مىلادىدىن بۇرۇن 3- ئەسىردە چېگە (كەندىر قوۋزىقى)دىن قەغەز ئىشلەش تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىزچىل ھالدا قەغەز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، خەلقئارادا تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان نەشرىياتچىلىق ئېھتىياجىغا ماسلاشقان.**

Wali's Ebook

**جوڭخۇا مىنگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى** (گېرمانىيە بىلەن جوڭخۇا مىنگو بىرلىكتە قۇرغان غەربىي شىمالنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى) **1929 - يىلى تۇرپان، لوپنورلاردىن كەندىر چېگىسىدىن ئىشلەنگەن قەدىمقى قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان. يىل -دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇن3- ئەسىر** (غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى) **دەپ بېكىتكەن.**

**☆خۇاڭ ۋېنبى<تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى>، <لوپنور ئارخېئولوگىيىسى>**

✻ قەغەزنىڭ نامى يىللاردىنبۇيان ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشىمىغان يۇرتلاردا ئوخشىمىغان تەلەپپۇزدا "كاغەز"، "قەغەز"دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. تارىختا

ئۇيغۇرلار بىلەن تارىم ۋادىسىدا بىللە ياشىغان توخرىيلار قەغەزنى «كاكارى» دەپ ئاتىغان، بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى «كاغز» بىلەن مەنبەداش. « ر » بىلەن « ز »نى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىدىغان ئەھۋال ھازىرمۇ كۇچاردا بار. تارىختا ھىندى، تارىم ۋادىلىرى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا كۆپ قوللىنىلغان سانسكرىت يېزىقىدا (بۇ يېزىقتا قەدىمقى ھىندى - ئىران تىللىرى خاتىرىلەنگەن) يېزىلغان قەدىمقى قولىيازمىلاردا "كاگاد" دەپ قوللىنىلغان، بۇسۆز مۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «كاغەز» بىلەن مەنبەداش.



✻ مەرھۇم تىلشۇناس، تارىخشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى يېزىپ قالدۇرغان <ئۇيغۇرلار ياراتقان بەش چوڭ كەشپىيات> دېگەن ماقالىسى (چىمبۇلاق تورى ئېلان قىلىنغان)دا بايان قىلىشىچە، ئەنگلىيە تەتقىقاتچىسى ئاۋرېل ستايىن تارىم ۋادىسىدىن تاپقان مىلادى 220- 420 - يىللاردا يېزىلغان قولىيازمىلارنىڭ قەغىزى ئۈجمە قوۋزىقى بىلەن لاتا (پاختا رەخت) ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن قەغەز ئىكەن. بۇنى ئاۋسترىيىلىك بوتانىك- فىزىئولوگ ۋىسنىر ئېنىقلىغان. بۇ ماقالىدا بايان قىلىنىشىچە يەنە، يېقىنقى يىللاردا شاڭخەي قەغەز تەتقىقات ئىنىستوتى تارىم ، تۇرپان ئويمانلىقلىرىدىن تېپىلغان ھەرخىل قەدىمقى قەغەز پارچىلىرى ئۈستىدە خىمىيە ئانالىزى ئېلىپ بېرىپ، بۇ قەغەزلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىلادى 1 - 5 – ئەسىرلەردە كەندىر قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز، بىر قىسمى پاختا قەغىزى، يەنە بىر قىسمى ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئالاھىدە قەغەزلەر ، مەسىلەن، تەركىبىدىكى ياغ ماددىلىرى تولۇق ئېرىغدالغان ئاق قەغەز (سۈت قەغەز )، سېرىق قەغەز ، ئۈسۈملۈك يىلمى قوشۇپ پاختىدىن ئىشلەنگەن گۈللۈك قەغەزلەرنىڭ يىل-دەۋرىنى مىلادى 8- 9 - ئەسىرلەردە دەپ بېكىتكەن.

# تاختا مەتبەئە

ش ئۇ ئار مۇزېيى فوتوگرافى فېڭفېي ئەپەندىنىڭ <كۇچار مىڭ ئۆي رەسىملىرىدىكى بەدەن سەنئىتى > ناملىق رەسىملىك كىتابىدا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەندە تاختا مەتبەئە بىلەن قەغەزگە بېسىلغان رەسىم بارلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇ مەزكۇر كىتابىدا، ئەينى زاماندا خوتەندە تاختا مەتبەئەدە بېسىلغان رەسىملەردىن <ئەجدىھار قىزىنىڭ ئېرىنى ئىزلىشى> دېگەن مەشھۇر رەسىمنى گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى ئوغۇرلاپ كەتكەن دەپ بايان قىلغان. ئۇ مەزكۇر كىتابىدا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەندە قەغەزگە بېسىلغان دەپ بايان قىلغان بۇ رەسىم ( خىتاي رىۋايەتلىرى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلگەن ۋە كۆچۈرۈپ سىزىش جەريانىدا ئادەم ئوبرازىنىڭ چىراي-شەكلى ئۆزگەرتىلگەن) ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن خوتەندە تاختا مەتبەئە بىلەن قەغەزگە رەسىم بېسىش تېخنىكىسىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.



☆<كۇچا مىڭئۆي رەسىملىرىدىكى بەدەن سەنئىتى龟孜壁画人体艺术>

ياپونىيىلىك ئەسارە-ئەتىقشۇناس ئوتانى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن (ھازىردا ليەن شەھىرىدىكى لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان) قەدىمقى قوليازمىلار ئىچىدە، تاختا مەتبەئەدە بېسىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە بۇددىزم كىتاب-رەسىملىرى بار. يىل - دەۋرى مىلادى 5- ئەسىر دەپ بېكىتىلگەن.

☆ئوتانى 1927 -يىلى نەشر قىلدۇرغان <يېڭى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى>

ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى دۇخان (دونخۇاڭ) دىن بايقىغان قولىيازمىلارنىڭ ئىچىدە تامغا مەتبەئە، تاختا مەتبەلەردە بېسىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە رەسىملىك بۇددىزم كىتابلىرى بار. يىل دەۋرى مىلادى 627 -650- يىللار دەپ بېكىتىلگەن.

☆<ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنخۇاڭدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى> شىنجاڭ گېزىتى 1990 - يىل 12 - ئاۋغۇست سانى؛ <شىنجاڭ كۈتۈپخانىچىلىقى > 1993 - يىل 3-4 – سانلىرى

## يىل-دەۋر سېلىشتۇرمىسى

ئارخېئولوگىيە ئۇچۇرلىرى ئاساسىدا رەتلەپ، تىزىپ چىقىلغان ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۈنەر-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىل دەۋرى بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ ھۈنەر-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىل-دەۋرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، بۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولۇپ چىقتى:

بۇغداي تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئون ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ئىككى دەريا ۋادىسىدىن (تىگىر-فۇرات دەريالىرى ۋادىسىدىكى ئىراقتىن) دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى كۆنچى

Wali's Ebook

دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا يۇمىلاق بوغداي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت ئۇنىڭدىن كېيىن.

كېۋەز تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن يەتتە مىڭ يىل بۇرۇن ھىندى ۋادىسىدىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان، جەنۇبىي ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ۋە مېكسىكىدا بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىللار بۇرۇن ئومۇملاشقان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى نىيە بوستانلىقىدا بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن كېۋەزچىلىك تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت ئۇنىڭدىن كېيىن.



ئۈزۈم تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن يەتتە مىڭ يىل بۇرۇن كاپكاز رايونىدا قوللىنىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن سۈرىيە، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتىلگەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تارىم ئويمانلىقىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت كاۋكاز رايونىدىن كېيىن، سۈرىيە، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا يۇرتلارغا كېڭەيتىلگەن ۋاقىت بىلەن ئوخشاش.

مىسكەرلىك تېخنىكىسى ، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، دەستلەپتە بۇنىڭدىن يەتتە مىڭ يىل بۇرۇن ئىككى دەريا ۋادىسى (تىگىر-فۇرات

دەريـــالىرى ۋادىســـى)دا باشـــلانغان. ختـــاي خەلـــق جۇمھـــۇرىيىتى ئـــارخېئولوگلىرى مىلادىـــدىن بـــۇرۇن 21-8 - ئەسىرلەردە قـارا سـۇ (خـۇاڭخې) ۋادىسـىدا ئـۆتكەن شـا، شـــاڭ، جـــۇ ســـۇلالىلىرىنى «مىـــس قـــورال دەۋرى» گە ئايرىيـــدۇ. بۇلارغـــا سېلىشـــتۇرغاندا، ئۇيغـــۇر ئەجـــدادلىرى قۇمۇلنىـــڭ قـــارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىـــڭ ئـــالغۇي رايونلىرىـــدا مىـــس ئېـــرىتىش تېخنىكىســـىنى قوللانغـــان ۋاقىـــت ئىككـــى دەريـا ۋادىسـى (تىگىـر-فـۇرات دەريـالىرى ۋادىسـى) دىـن كـــيىن، شـــا، شـــاڭ ســـۇلالىلىرى قوللانغـــان ۋاقىـــت بىـــلەن ئوخشاش ياكى سەل بۇرۇن.



تۆمـــۈرچىلىـــك تېخنىكىســـى، خەلقئـــارادىكى ئورتـــاق چۈشـــەنچە بـــويىچە ئېيتقانـــدا، دۇنيـــادا ئەڭ بـــۇرۇن مىســـىردا بۇنىڭـــدىن يەتـــتە مىـــڭ يىـــل بـــۇرۇن قوللىنىلغـــان، ئۇنىڭـــدىن كـــيىن ياۋروپاغـــا تارقالغـــان. ئاســـىيادىن ئانـــاتولىيىگە كەلـــگەن قـــوۋملار قۇرغـــان ھىتـــت دۆلىتـــى (مىلادىـــدىن بىـــر مىـــڭ ئـــالتە يـــۈز يىـــل بـــۇرۇن) نىـــڭ تۆمـــۈر قـــوراللار بىـــلەن قوراللانغـــان 30 مىـــڭ لەشـــكىرى بولغـــان؛ مىســـىرنىڭ مىتورىـــت (ئاققـــان يۇلتـــۇز) پارچىلىرىـــدىن ياسـىغان تۆمـۈر قـوراللار بىـلەن قوراللانـدۇرۇلغان لەشـكىرى بولغان دېـگەن ئۇچۇرلارمـۇ بـار. ختـاي خەلـق جۇمھـۇرىيىتى ئـــــارخېئولوگلىرى مىلادىـــــدىن بـــــۇرۇن 8 -3 - ئەسـىرلەردە ئۆتكەن ئۇرۇشـقاق بەگلىكـلەر دەۋرىنـى «تۆمـۈر قـورال دەۋرى»گە ئايرىيـــدۇ. بۇلارغـــا سېلىشـــتۇرغاندا،

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئالغۇي رايونلىرىدا رودىدىن تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت ئىككى دەريا ۋادىسى (تىگىر-فۇرات دەريالىرى ۋادىسى)دىن كېيىن، ئۈرۈشقاق بەگلىكلەر قوللانغان ۋاقىتتىن بۇرۇن.

تېرىچىلىك تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن قەدىمقى يۇناندا باشلانغان، مەھسۇلات نامى گىرېكچە «كروم» (ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز قىلىنىشى قىرىم) دەپ ئاتالغان. خەلقئارادا يەنە، ھايۋانات تېرىسىدىن كۆن – قىرىم ئىشلەش تېخنىكىسى مىلادىدىن ئۈچ مىڭ يىللار بۇرۇن ھىندىستاندىن تارقالغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى كروران شەھىرىدە، قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئالغۇي رايونلىرىدا كۆن – قىرىم ئىشلەش تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت يۇناندىن بۇرۇن، ھىندىستاندىنمۇ بۇرۇن.



گىلەمچىلىك تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئىراندا قوللىنىلغان. خەلقئارادا يەنە، مىلادىدىن ئون بىر ئەسىر بۇرۇن سەلجۇق تۈركلىرىدە گىلەمچىلىك

تېخنىكىسى ئومۇملاشقان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇنىڭغا سىلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى كروران شەھرى، قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئالىغۇي رايونلىرىدا بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇن گىلەمچىلىك تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت ئىراندىن بۇرۇن، باشقىلاردىنمۇ بۇرۇن.



**يىپەكچىلىك** تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، پىلە غوزىسىدىن تالا ئايرىپ، ئۇنىڭدىن يىپ ئىگىرىپ ئەتلەس -شايى توقۇش تېخنىكىسى بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن ۋېي دەرياسى بويىدىن (ھازىرقى شىئەن قاتارلىق يۇرتلاردىن) پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق غەربكە تارالغان. ئەمما يىپەك يولىدىكى بازارلاردا سېتىلغان يىپەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سەددىچىننىڭ ئىچىدە توقۇلغانلىرىمۇ بار، تارىم ۋادىسىدا توقۇلغانلىرىمۇ بار. تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ نەدىن نەگە تارقالغانلىقى توغرىسىدىكى بەس -مۇنازىرىنىڭ تېخىچە يەكۈنى يوق: خوتەندىكى مەلىكە ئاۋات دەپ ئاتالغان بىر قەدىمقى خارابىلىقتىن تېپىلغان بىرتام رەسىم بار، ئۇ رەسىمدە بىر «مەلىكە» نىڭ ئوبرازى بار، ئۇ مەلىكە چېچىنى بېشىغا تۈرمەللىۋالغان. بۇ رەسىمدە مەلىكىنىڭ چېچىنى باش بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرغان يەنە بىر ئوبراز بار. ئارخېئولوگلار بۇ قەدىمقى رەسىمگە «يىپەك مەلىكىسى» دەپ نام بەرگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ رەسىم پىلە غوزىسىنى مۇشۇ

مەلىكە چاڭئەن شەھىرىدىن خوتەنگە ئوغۇرلاپ كەلگەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەيدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا بۇ مەلىكە پىلە غوزىسىنى خوتەندىن ئوغۇرلاپ كەتكەن دەۋاتىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ تالاش-تارتىش ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىۋاتىدۇ، بۇ ھەقتە تېخى يەكۈن يوق.

**ساپالچىلىق** تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بۇيىچە ئېيتقاندا، ساپالچىلىق تېخنىكىسى بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش مىڭ يىل بۇرۇن چېختا قوللىنىلغان (سۆيگۈ ئىلاھى «ۋېنۇس» نىڭ ھەيكىلى ئۇنىڭ دېلىلى). شىمالىي ئافرىقىدا بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىل بۇرۇن، جەنۇبىي ئامېرىكىدا بۇنىڭدىن يەتتە مىڭ يىل بۇرۇن، قاراسۇ (خۇاڭخې) ۋادىسىدا، ھىندىستاندا ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدا (تىگىر-فۇرات دەريالىرى ۋادىسىدا) بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىل بۇرۇن قوللىنىلغان. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قەشقەرنىڭ ئاقدالا ، ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن رايونلىرىدا بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇن ساپالچىلىق تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت ياۋروپادىن، شىمالى ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكىلاردىن كېيىن، ھىندىستان، ئىراق ۋە خىتايدىن بۇرۇن.

**كاشىچىلىق** تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بۇيىچە ئېيتقاندا، كاشىچىلىق (رەڭلىك ساپالچىلىق) تېخنىكىسى بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىل بۇرۇن ئىككى دەريا ۋادىسىدا (تىگىر-فۇرات دەريالىرى ۋادىسىدا) قوللىنىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرىيە،

يۇنانلارغا تارقالغان. ختاي خەلق جۇمھۇرىيتى ئارخېئولوگلىرىنىڭ قارىشىچە، كاشى تېخنىكىسى ختايدا مىلادىدىن بۇرۇن 8-3-ئەسىرلەردە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەردە مىمارچىلىقتا قوللىنىلغان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، گەرچە ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قەشقەرنىڭ قەدىمقى نامىنى «كاشغار» (كاشى يۇرتى) دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما كاشى تېخنىكىسى قوللىنىلغان كونكرېت ۋاقىت تېخى بىزگە نامەلۇم.



شىشەچىلىك تېخنىكىسى، خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، مىسىردا مىلادىدىن 1570 يىل بۇرۇن شىشەچىلىك (ئەينەك ياساش) تېخنىكىسى قوللۇنىلغان. ئېپار، ئەنبەر ساقلايدىغان كىچىك شىشە قۇتىلار ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى بولغان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ چەرچەن زاغۇنلۇقتا شىشەچىلىك تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقتى (مىلادى 4-ئەسىر) بۇنىڭدىن كېيىن.

قەغەزچىلىك تېخنىكىسى، ختاي تارىخچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۆجمە قوۋزىقىدا قەغەز ئىشلەشنى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيلۇن ئىسىملىك بىر ئەمەلدار مىلادى 105- يىلى كەشىپ قىلغان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، جوڭخۇا مىنگو ئارخېئولوگى خۇاڭۋېنبى ئەپەندى 1929- يىلى تۇرپان، لوپنورلاردىن تاپقان مىلادىدىن بۇرۇن 3 - ئەسىر (غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى ) دە چىگىدىن (كەندىر قوۋزىقىدىن

ئىشلەنگەن قەغەز بۇنىڭدىن بۇرۇن.

مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى، خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ قارىشىچە، سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 1041 ـ1048-يىللاردا) ئۆتكەن بىشىڭ دېگەن كىشى يۇغۇرۇلغان لايغا خەت ئويۇپ، ئۇنى خۇمداندا پۇشۇرۇپ مەتبەئەنى (تامغا مەتبەئەنى) كەشىپ قىلغان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەجداتلىرى تارىم، تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت بۇنىڭدىن كۆپ بۇرۇن.




توپ (مىس قۇيما زەمبىرەك) تېخنىكىسى توغرىسىدا، ، ھازىرغا قەدەر خىتاي تارىخ مۇزېيىدا (بېيجىڭدە) ساقلىنىۋاتقان مىلادى 1332-يىلى ياسالغان مىس قۇيما توپنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان ھەربىي قورال ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا ئۇچۇر يوق. شۇنداقلا، بۇ خىل ھەربىي قورالنى موڭغۇل دۆلىتى (يۈەن سۇلالىسى) مىلادى 1279-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-ئۇستىكارلارنى ئەكىلىپ ياساتقان، ئۇنىڭ نامى «ئۇيغۇر توپ» دەپ ئاتالغان دېگەن خىتايچە تارىخي خاتىرىنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا يازما ئىسپاتمۇ يوق.

✱ تارىخي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كۇرۇلۇن ۋادىسىدا باش كۆتۈرگەن

موڭغول خانى چىڭگىزخان بىلەن ئىدىقۇت خانى بارچۇقئارت تېكىننىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلغان قارا خىتايلارنى يوقىتىش جەريانىدا ، ھەتتا قاچاقلانى قوغلاپ ياۋروپاغىچە بېرىپ ئۇرۇش قىلغاندا، ھەجمى كىچىك ، ئاتلىق قوشۇن ئېلىپ يۈرۈپ تېز ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن ئەپلىك، خاراپ قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان «ئۇيغۇر توپ» دېگەن قورالنى قوللانغان.

## «مەدەنىيەت خىتايدىن تارقالغان» دېگەن سىياسەت



**1949ـ يىلى قۇرۇلغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە، يىللاردىن بۇيان تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل ـ دەۋرى ئىزچىل ھالدا «مەدەنىيەت خىتايدىن تارقالغان» دېگەن سىياسەت بويىچە بېكىتىلىپ ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر قانداق قولھۆنەر مەھسۇلاتلىرىنى «ئىلغار خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن» دېيىشكە مەجبۇرلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. خىتايدىكى تەجرىبىخانىلار سانلىق مەلۇمات ئېلان قىلىشتا، مەكتەپلەر دەرسلىك تېكىست تۈزۈشتە، نەشرىياتلاردىكى تەھرىر - مۇھەررىرلەر كىتاب ـ ماقالا تەھرىرلەشتە بۇ «قىزىل سىزىق»تىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ.**

**بۇ ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسارە-ئەتىقىلەرنىڭ يىل ـ دەۋرىمۇ «مەدەنىيەت خىتايدىن تارقالغان» دېگەن سىياسەت بويىچە خىتاينىڭ ئىككى دەريا**

ۋادىسى (خۇاڭخې، چاڭجاڭ دەريالىرى ۋادىسى) دىن تېپىلغان ئەسارە-ئەتىقىلەرنىڭ يىل دەۋرىدىن ھەرگىز بۇرۇن قىلىپ قويماسلىقتا شەرتى ئاستىدا بېكىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار دۇر.

ئەمما بۇ ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە،ئۈرۈمچىنىڭ ئارىغول، قەشقەرنىڭ ئاقدالا، ئاقسۇنىڭ قارايۇلغۇن رايونلىرىدىكى قەدىمقى خارابىلىقلاردىن، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كروران قەدىمقى شەھەرخارابىلىرىدىن تېپىلغان ئەسارە-ئەتىقىلەرنىك كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئېنىقلانغان يىل دەۋرى بولسا بىر ئالاھىدە ئەھۋال، ئۇ سانلىق مەلۇماتلار بەزى ئارخېئولوگلارنىڭ دۆلەت تەجرىبىخانىلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان يېقىن تونۇشلىرى تەرىپىدىن غەيرى رەسمى ھالدا ئاشكارىلاپ قويۇلغان سانلىق مەلۇماتلاردۇر. گەرچە بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئەينى ۋاقىتتا گېزىت -ژۇرناللاردا ئۇچۇق ئېلان قىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس.




بۇ ماقالىدا خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە دېيىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنىمۇ يۈزدە - يۈز توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭدىن ئون ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ئىككى دەريا ۋادىسىدىن (ئىراقتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تىگىر-فۇرات دەريالىرى ۋادىسىدىن)

دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان دەپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمقى بۇغداي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىغا دائىر بەزى ئەۋرىشكىلار يېقىنقى يىللاردا كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق قايتىدىن تەكشۈرۈلگەندە، بۇنىڭدىن يەتتە مىڭ سەككىز يۈز يىل بۇرۇنقى ئۆسۈملۈك بولۇپ چىققان.

## ئۇيغۇر كەشپىياتلىرى




يۇقۇرىدىكى سىلىشتۇرمىغا ئاساسلانغاندا، مەتبەئە ، قەغەز ، گىلەم، كۆن ، كارىز، ئىگەر ، توپ تېخنىكىسىدىن ئىبارەت يەتتە خىل ھۈنەر-تېخنىكا تارىختا ئۇيغۇر ئەجدادلىرى كەشپ قىلىپ ئىنسانىيەت ئالىمگە قوشقان بۈيۈك تۆھپە دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك.

باسما-مەتبەئە تېخنىكىسىنى خىتاي تارىخچىلىرى سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 1041 -1048-يىللاردا) ئۆتكەن بىشېڭ دېگەن كىشى كەشپ قىلغان دەپ دۇنياغا جاكارلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. « ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا» دېگەن بۇ تېما بۇيىچە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە،ياپونىيىلىك ئەسارە- ئەتىقىشۇناس ئوتانى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن (ھازىرداليەن شەھرىدىكى لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان) قەدىمقى قولىيازمىلار ئىچىدە تاختا مەتبەئەدە بېسىلغان قەدىمقى

ئۇيغۇرچە بۇددىزم كىتاب-رەسىملىرىنىڭ يىل -دەۋرى مىلادى 5- ئەسىر؛ خوتەن رايونىدا تاختا مەتبەئە بىلەن قەغەزگە رەسىم باسقان ۋاقىت مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن. ھەمزەك بىلەن بوزگە گۈل باسقان ۋاقىت مىلادى 1 – ئەسىر. دېمەك، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى باسما (مەتبەئە) تېخنىكىسى قوللانغان ۋاقىت سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كەشىپ قىلىنغان مەتبەئە تېخنىكىسىدىن ئاز دېگەندە 9 ئەسىر بۇرۇن.



قەغەز تېخنىكىسىنى خىتاي تارىخچىلىرى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيلۇن ئىسىملىك ئەمەلدار مىلادى 105- يىلى كەشىپ قىلغان دەپ دۇنياغا جاكارلاپ كېلىۋاتىدۇ. « ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا» دېگەن بۇ تېما بويىچە ئىلىپ بېرىلغان سىلىشتۇرما ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، جوڭخۇا مىنگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1929- يىلى تۇرپان، لوپنورلاردىن تاپقان مىلادىدىن بۇرۇن 3 - ئەسىر (غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى ) دە كەندىر قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز بۇنىڭدىن ئاز دېگەندە بىر ئەسىر بۇرۇن.

گىلەم تېخنىكىسى خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئىراندا قوللىنىلغان دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ. « ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا» دېگەن بۇ تېما بويىچە

ئېلىپ بېرىلغان سىلىشتۇرما ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى كروران شەھرى، قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئالغۇي رايونلىرىدا بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇن گىلەمچىلىك تېخنىكىسىنى قوللانغان ۋاقىت بۇنىڭدىن بۇرۇن.




كۆن-قىرىم (تېرىچىلىك) تېخنىكىسىنى خەلقئارادىكى ئورتاق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن قەدىمقى يۇناندا باشلانغان دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ. « ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا» دېگەن بۇ تېما بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سىلىشتۇرما ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە،ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى كروران شەھرىدە، قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئالغۇي رايونلىرىدا قىرىم -كۆن ئۆتۈك كىيگەن ۋاقىت بۇنىڭدىن بۇرۇن.

كارىز تېخنىكىسىنى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئېقىنسۇ قىس بولغان تۇرپاندا مىلادىدىن بۇرۇنلا قوللىنىشقا باشلىغان. تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدە يەر ئاستى سۈيى مول جايدىن قۇدۇق قېزىپ، ئۇنىڭدىن چىققان يەر ئاستى سۈيىنى يېپىق ئېرىق ئارقىلىق ئاققۇزۇپ، مەھەللىلەرگە باشلاپ كېلىپ، يەر يۈزىدىكى زىرائەتلەرنى، مېۋىلىك باغلارنى كۆكەرتىدىغان بۇنداق

ئالاھىدە سۇ قۇرۇلۇشى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا تۇرپاندىن بۇرۇن قوللۇنۇپ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدە تېخىچە باشقا ئىسپات يوق.

ئىگەر (ئات جابدۇقلىرى) تېخنىكىسى بۈنىڭدىن ئالتە -يەتتە مىڭ يىللار بۇرۇن قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىنىڭ ئارىغول رايونلىرىدا قوللىنىلغان. بۇ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ياۋا ئاتلارنى كۆندۈرۈپ مىنىش جەريانىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلغان ھۆنەر-تېخنىكا ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا ئىسپات يوق.



توپ (مىس قۇيما زەمبىرەك) تېخنىكىسى توغرىسىدا، ھازىر خىتاي تارىخ مۇزېيىدا (بېيجىڭدە) ساقلىنىۋاتقان مىلادى 1332-يىلى ياسالغان مىس قۇيما توپنى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان ھەربىي قورال يەكۈن مەۋجۇت، بۇنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا ئۇچۇر يوق. بۇ خىل ھەربىي قورالنى موڭغۇل دۆلىتى (يۈەن سۇلالىسى) مىلادى 1279-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-ئۇستىكارلارنى ئەكىلىپ ياساتقان، ئۇنىڭ نامى «ئۇيغۇر توپ» دەپ ئاتالغان دېگەن خىتايچە تارىخى خاتىرىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا يازما ئىسپاتمۇ يوق.

يەنە شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، تارىختىكى ئۇيغۇر ھۈنەر

مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىل-دەۋرىنى قايتىدىن بېكىتىش زۆرۈر. ئەگەر «مەدەنىيەت خىتايدىن تارقالغان» دېگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتتىن خالى بولغىلى بولسا، ئۇيغۇر كەشپىياتلىرى يۇقارقى يەتتە خىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى مۇمكىن.

## ئۇيغۇرچە ھۈنەرۋەن رىسالىلىرى



ش ئۇ ئار قەدىمقى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش نەشر قىلىش ئىشخانىسى 1986- يىلدىن كېين تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن توپلىغان قولىيازمىلار ئىچىدە، ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلۈپ (1949- يىلىدىن بۇرۇن) خەلق ئىچىدە ئەتىۋارلاپ ساقلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە ھۈنەر -كەسىپ رىسالىلىرىنىڭ سانى يۈز پارچە ئەتراپىدا. بۇ رىسالىلاردا ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار قوللۇنۇپ كېلىۋاتقان تېرىقچىلىق، قۇيمىچىلىق، تېرىچىلىك، بۆزچىلىك، گىلەمچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ئاشپەزلىك، يىمىشچىلىك، باققاللىق، رەڭچىلىك، بوياقچىلىق ، تىككۈچىلىك، موزدوزلۇق، چارۋىچىلىق، قاسساپلىق، مېمارچىلىق، تۇماقچىلىق، زەرگەرلىك، سوپۇنچىلىق، شامچىلىق، سودىگەرچىلىك، كەسمە چۆپمىلىك، كىگىزچىلىك، ناۋايلىق، ياغاچچىلىق، دورىگەرلىك، داخانىلىق، پالچىلىق، ئوۋچىلىق قاتارلىق خىلمۇ-خىل ھۈنەر-تېخنىكىنىڭ تاماملىنىش جەريانى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى تەپسىلي خاتىرىلەنگەن. ھەر بىر قولىيازمىدا شۇ ھۈنەرنىڭ پىر -ئۇستازلىرى بىرمۇ - بىر تىلغا ئېلىپ ئەسلەپ ئۆتۈلگەن. بۇ

قولىيازمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلار قوللانغان ھۆنەر-تېخنىكنىڭ ھېچقايسىنى خىتايدىن ئۆگەنمىگەن.

ش ئۇ ئار قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسى1987 - يىلى ئۇيغۇرچە ھۆنەر-كەسىپ رىسالىلىرىدىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان 40 خىل ھۆنەرنىڭ رىسالىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىقىپ <ئۇيغۇر ھۆنەر-كەسىپ رىسالىلىرى> ناملىق بىر كىچىك كىتابنى نەشر قىلدۇرغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى خەلق ئىچىدە ئالقىشقا ئېرىشكەن بۇ كىتابنى چەكلەپ، ئاخىر 2001 - يىل 5- ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەردە چوڭ ئاممىۋي يىغىن ئېچىپ، ئۇقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى. (قەشقەر گېزىتىنىڭ شۇ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ كىتابتىن 32 مىڭ نۇسخىنى كۆيدۈرگەن.)



خىتاي ھۆكۈمىتى گەرچە ش ئۇ ئار قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قولھۆنەر رىسالىلىرىنى رەتلەپ نەشر قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما شۋېتسىيەدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ناھايىتى ياخشى ساقلىنىۋاتىدۇ. ئوقۇرمەنلەر، تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭدىن ئەركىن پايدىلىنالايدۇ. بۇ قولىيازمىلارنى شۋېتسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس گۇننار يارىڭ 1940- يىللاردا قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن توپلىغان.

مەشھۇر تىلشۇناس گۇننار يارىڭ توپلىغان قولھۆنەرۋەن

**رىسالىلىرىنىڭ بىرى --- <بوياقچىلىق رىسالىسى>دا، بوياقچىلىق ھۈنىرىنىڭ 14 ئەۋلاد پىر-ئۇستازلىرىنىڭ ئىسىم – شەرىپلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان ئۆتۈلگەن:**

... ئابدۇلۋاھىد بۇخارى سەككىزىنچى ئۇستاد، ئابدۇجەلىل تاشكەندى توققۇزىنچى ئۇستاد، جالالىدىن ئەندىجانى ئونىنچى ئۇستاد، مەھەممەد غەزنىۋى ئون بىرىنچى ئۇستاد، شەمسىدىن كاشغەرى ئون ئىككىنچى ئۇستاد ، ھەمەر باغدادى ئون ئۈچىنچى ئۇستاد ، رۇستەم شەيخ كابىلى ئون تۆتىنچى ئۇستاد ....



**بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بوياقچىلىق ھۈنىرىنىڭ پىر - ئۇستازلىرى يا بۇخارالىق يا قەشقەرلىق يا تاشكەنتلىك يا ئەنجانلىق يا باغدادلىق يا كابۇللۇق . . . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىللىق قېرىنداشلىرى.**

## ئاخىرقى سۆز

**<ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۈنەر-تېخنىكا> دېگەن بۇ تېما ئۈستىدە تەتقىق قىلىشنى مەن 1983- يىلى <بىزنىڭ تارىخي يېزىقلىرىمىز> دېگەن تېمىنى تاماملىغاندىن كېيىنلا باشلىغان ئىدىم. ئەينى ۋاقىتتا، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە «پەن-ئىلىم باھارى» دەپ ئاتالغان بىر ۋەزىيەت بولغان ، كاشكى، بۇنداق ۋەزىيەت ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. 1989– يىلى 4 -ئىيۇن كۈنى ختايدا سىياسەت ئۆزگەردى، ختاي ھۆكۈمىتى بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا خىيانەتچىلىك- چىرىكلىككە قارشى تۇرايلى دېگەن توغرا –ھەققانىي شوئارنى توۋلىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئوققا تۇتتى، تانكا بىلەن باستۇردى.**

شۇنىڭدىن كېيىن ختايدا «پەن-ئىلىم زىمىستانى» باشلاندى. مەنمۇ <ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا > دېگەن تېمىنى تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرالمىدىم.

ئەمدى بۇنىڭدىن 30 يىل ئۆتكەندە، ئەينى ۋاقىتتا تاماملانمىغان بۇ <ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا > دېگەن تېمىنى ئامېرىكىدا تۇرۇپ قايتىدىن قولغا ئالىدىغان پۇرسەت چىقتى. مەن بۇ تەتقىقات ئارقىلىق تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئۇيغۇر كەشپىياتلىرىنى سۈزۈپ چىقىشقا تىرىشتىم. ئەمما ختايدا «مەدەنىيەت ختايدىن تارالغان» دېگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئارخېئولوگىيە سانلىق مەلۇماتلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتا قىينالدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بارىدىغان تەجرىبىخانىسى بولمىسا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىكەن. ئەگەر كەلگۈسىدە «مەدەنىيەت ختايدىن تارالغان» دېگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتتىن خالى بولغىلى بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر كەشپىياتلىرى بايقىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادا تۇتقان ئورنى يۇقۇرى كۆتۈرۈلىشى مۇمكىن.



(2012- يىل 12 - ئاي ۋاشىنگتون)

**خەلق تەمسىللىرى: * ھۆنەرسىز قالغان قۇل بولۇر * ئۇيغۇردا يۈز ھۆنەر**

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمەھالى



**ئاپتور:** قۇربان ۋەلى، 2012 -يىلى ئامېرىكا «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»دىن ئارامغا چىققان، ھازىر مۇستەقىل تەتقىقاتچى.
**تەتقىقات دائىرىسى:** تۈرك - خىتاي — ھىند - ياۋروپا مەدەنىيەتلىرى بويىچە سېلىشتۇرما تەتقىقات.
**كەسپىي بىلىم:** ✪ 1979- 1982 - يىللاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرستى جەنۇبىي ئاسىيا ئىنستوتى ئاسپىرانتلار سىنىپى سانسكرىت كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ✪ 1972-75- يىللاردا شىئەن غەربىي شىمال ئۇنىۋېرستى ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن (شىئەن، يەنئەن، دۇنخۇاڭ، تۇرپان، مىرەنلەردە پراكتىكا كۆرگەن).
**ئەلگە تونۇش ئەسەرلىرى:** ✪ <بىزنىڭ تارىخي يېزىقلىرىمىز> 1986-يىلى ✪ <قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى> 1987 يىلى ✪ <قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لوغىتى> 1989-يىلى(ئۈچ كىشى ھەمكارلىشىپ تەييارلىغان)
**خىتاي ھۆكۈمىتى بەرگەن « شەرەپ- ئۇنۋان»لار:** ✪ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەرىجىلىك تۆھپىدار پەن-تېخنىكا خادىمى ( 1986-يىلى). ✪ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس( 1988 - يىلى). ...
**تەتقىقاتلىرىغا ئىنكاس:** ✪ «تىيانشان» ئەمەس تەڭرىتاغ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتى( 1981 - يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ساداسىغا ئايلانغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى«تەڭرىتاغ» دېگەن نامنى چەكلەش بۇيرۇقى چىقارغان، ھازىرغا قەدەر ئەمەلدىن قالدۇرمىغان. ✪ تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمقى يېزىقلارنى تۈرگە ئايرىش، تىل مەنبەسىنى ئېنىقلاش ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى (1983-يىلى) ئىلىم ساھەلىرى ئېتىراپ قىلغان، خىتاينىڭ «خەلق گېزىتى»مۇ <شىنجاڭدىكى قەدىمقى يېزىقلار سىرلىق سارىيىنى ئاچقان كىشى> دەپ ماقالا ئېلان قىلغان. ✪ مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتىنى (1983 - يىلى) ئاپتونوم رايون تەستىقلاپ، مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنى بىنا قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ ئاجراتقان. ✪ ئاپتونوم رايۇنلۇق پاتكومنىڭ «قەدىمقى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى ئۆزگەرتىپ نەشر قىلىش» توغرىسىدا چۈشۈرگەن مەخپىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماي <بۇغراخانلار تەزكىرىسى>نى ئەينەن نەشر قىلدۇرغاندىن كېين، ئاپتونوم رايۇنلۇق پاتكوم «بارىن توپىلاڭى»نى قوزغاتتى دەپ سىياسىي تۆھمەت چاپلىغان. ✪ قەدىمقى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ئاساسىدا رەتلەپ، تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان <ئۇيغۇر ھۆنەر-كەسىپ رىسالىلىرى> دېگەن كىتابىنى خىتاي ھۆكۈمىتى 2001 -يىلى 5 - ئايدا قەشقەردە چوڭ يىغىن ئېچىپ كۆيدۈرىۋەتكەن .
**خىزمەت تەجرىبىسى:** ✪ 1998- 2012 - يىللاردا ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا ئاڭلاتقۇچى.
✪ 1986-1992-يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمقى ئەسەرلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزاسى، ئىشخانا مۇدىرى، باش تەھرىر ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىدە ئاسپىرانت يېتەكچىسى ✪ 1975- 1986- يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ئارخېئولوگ. ✪ 1962-1972 -يىللاردا كورلىدا بايىغۇلىن موڭغول ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتتە تەرجىمان. ✪ 1946-يىلى 25-دېكابىر چەرچەندە كارۋان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.